# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي

26

يەكشەنبە

维吾尔文 1 月26日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24952 - سان بۈگۈن 2 بەت


## ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىمىز

### —— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مەخسۇس ئاڭلىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بولۇپمۇ ئاغرىقلارنى داۋالاش خىزمىتىنى قايتا تەتقىق قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قايتا سەپەرۋەر قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

«ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

# يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مەخسۇس ئاڭلىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بولۇپمۇ ئاغرىقلارنى داۋالاش خىزمىتىنى قايتا تەتقىق قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قايتا سەپەرۋەر قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارار قىلىندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خۇبېي قاتارلىق يۇقۇم ئېغىر رايونلارغا يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئالاقىدار جايلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تىرىشىپ جەڭ قىلىۋاتقان پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ۋە يولداشلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا، بولۇپمۇ خۇبېيدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا سەممىي سالام يوللىدى، يۇقۇم داۋامىدا ئۆرۈق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئائىلىلەردىن سەممىي ھال سورىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ، ھەممىسى سىلەرنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكىڭلار. ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك. يۇقۇم —— بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش —— مەسئۇلىيەت. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك. پەقەت ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - داۋالاپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللانساقلا، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تېز يامراۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەت ئالدىدا، جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار ئىش ئورنىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنقى ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە سىناقتا بەرداشلىق بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ۋاقتىدا دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇمنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ۋاقتىدا ھەرىكەت قوللىنىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۇي، لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇم ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش قاتارلىقلار توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇشتەك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش ۋە خەلقچىل مېھر - مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ۋەزىيىتى كەسكىن، ۋەزىپە مۈشكۈل، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر، تېخىمۇ ئەمەلىي ئۇسۇل بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، كىرىش مەنبەسىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. ۋۇخەندىن شىنجاڭغا كەلگەن كىشىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا ئايرىش تەدبىرى قوللىنىش كېرەك؛ گۇمانىي كېسەللىك مىسالى بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى، ۋۇخەندە ساياھەت قىلىش تارىخى ھەمدە قىزىش، ياۋايى ھايۋانلارغا ئالاقىدار ئاشكارىلىنىش تارىخى قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، تاللاپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ شىنجاڭغا كىرىش - چىقىشتىكى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ سەھىيە كارانتىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قاتناشنى ئومۇميۈزلۈك كارانتىن قىلىش كېرەك؛ سىرتتىن كەلگەن، يۇرتىغا قايتقان كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى تىزىملاش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى كۈچەيتىپ، ئېلىپ قېلىپ كۆزىتىش، تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلار ۋە ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىنى تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئاغرىقلارنى ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى كۈچەيتىش كېرەك. بېكىتىلگەن دوختۇرخانا، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى، بېكىتىلگەن ئاغرىقلار رايونى، دوختۇر - سېستىرالار قوشۇنىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش» تەلىپى بويىچە، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش كېرەك؛ گۇمانىي كېسەللىك مىسالىدىن بىرى بايقالسا بىرىنى ئايرىپ ھەم ۋاقتىدا داۋالاپ، مەنبەدىن كونترول قىلىش، يۇقۇمنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىش زەنجىرىنى قەتئىي راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىنى ھەقىقىي قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، يۇقۇمنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى ھەرىكەتچان ئەلالاشتۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىياگنوز قويۇش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش كېرەك؛ تېببىي خادىملارنى تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېببىي خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك مۇھاپىزىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تېببىي خادىملارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى ياخشى قوغداش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئاممىۋى يىغىلىشنى قاتتىق باشقۇرۇش - تىزگىنلەش كېرەك. روشەن گەرەلەشمە يۇقۇملىنىش خەۋپى مەۋجۇت بولغان ئاممىۋى يىغىلىش پائالىيەتلىرىنى دەرھال توختىتىپ، مەھەللە، ئورگان، مەكتەپ قاتارلىق سورۇنلارنى يېپىق شەكىلدە باشقۇرۇپ، خادىملارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە يىغىلىشىنى ئازايتىپ، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش يولىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، كىشىلەر توپىنىڭ يىغىلىشىدىن تارقىلىش خەۋپىنى ئەڭ زور چەكتە ئازايتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ماددىي ئەشيا تەمىنات كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. دورا، دېزىنفېكسىيە بۇيۇملىرى، مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرى، قۇتقۇزۇش - داۋالاش سايمانلىرى قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، يۆتكەش، زاپاس ساقلاش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، داۋالاش ئۇسكۇنىلىرى ۋە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ تۈرلۈك تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش ۋە تەشكىللەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ماددىي ئەشيا تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى، باھانىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش

## ئاپتونوم رايون ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى 1 - دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى»گە ئاساسەن، نۆۋەتتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۈگۈندىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى 1 - دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

# ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىش قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ چىڭ ساقلاش پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش

### —— ئاپتونوم رايون ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ تۈك

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالىدىن جەمئىي ئۈچى بايقالدى. يۇقۇم —— بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش —— مەسئۇلىيەت! ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى 1 - دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى؛ ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تېزدىن ھەرىكەتكە كەلدى، بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، داۋالاش، كاپالەتلەندۈرۈش، ماسلىشىش تەدبىرلىرى، مېخانىزملار بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلدى، بىر مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

**يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلدى**

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمدىن تۆۋەنگىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۆلچەمدىن ئالغا سىلجىتتى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايون يەنە بىر قېتىم سىن يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قايتا تەتقىق قىلىپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، تەدبىرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشنى تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىمۇ شۇ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى 1 - دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويۇپ، يۇقۇملىنىش خەۋپى بار ئاممىۋى يىغىلىش پائالىيىتىنى توختىتىش، شىنجاڭغا كىرگەن كىشىلەر، ئاپتوموبىللارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، گۇمانىي كېسەللىك مىسالى ۋە يېقىندىن ئۇچراشقانلارنى تېببىي تەلەپ بويىچە ئايرىش ۋە تەكشۈرۈش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلدى.

**تېز ھەرىكەتكە كەلدى قاتتىق ئالدىنى ئالدى**

يۇقۇمنىڭ كىرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىشنى جەزمەن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئۇدا بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قاتناشنى كارانتىن قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى.

تاشيول جەھەتتە، شىنجاڭنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسى بولغان قومۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، شىڭشىڭشىيا قاتارلىق شىنجاڭغا كىرىش - چىقىش تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدا سەھىيە كارانتىن قىلىش - تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭغا كەلگەن كىشىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى؛ تۆمۈريول جەھەتتە، ليۇيۈەن ۋوگزالىدىن باشلاپ پويىزغا چىقىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، ھەرقايسى ۋوگزاللارنى ۋوگزالدىن چىققان يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش - ئۆلچەشكە تەشكىللىدى؛ خەلق ئاۋىياتسىيەسى جەھەتتە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يولۇچىلار ئېقىمى ئەڭ كۆپ بولغان ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتى ھەم باشقا ساياھەتچىلەر زىچ توپلاشقان شەھەرلەردىكى ئاۋىياتسىيە بىنالىرىغا نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلۈپ، پورتتىكى كىرگەن - چىققان يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تاللاپ تەكشۈرۈپ، ئايروپورت جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ قىزىغان، گۇمانىي ئاغرىقلارنى كۈندىلىك قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ قايتىما ئىنكاس قىلدى.

يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش «بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىياگنوز قويۇش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر. ئاپتونوم رايون بىلەن بىللە، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارا، ناھىيە، شەھەر، رايونلار ئارا بىرلىكتە كۈچەپ ماسلىشىپ، تەۋەلىكتىكى بارلىق ئاھالىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تېگى - تەكتىنى تەكشۈرۈپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، سىرتتىن كەلگەن، يۇرتىغا قايتقان كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى تىزىملاش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەم زىچ توپلاشقان سورۇن ۋە ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىنى ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇش، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن نۇقتىدا تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يولغا قويدى.

**ئىلمىي ئالدىنى ئالدى، تىزگىنلىدى داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلدى**

ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)